ئۆمەر سايىت (جەۋلانى)



# ئوتلۇق نەپەسلەر

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ئوتلۇق نەپەسلەر

(شېئىرلار)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇسەمەت خېلىل

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

## نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

لىرىك شائىر ئۆمەر سايىت (جەۋلانى) 1942 - يىلى 7 - ئايدا يەكەن ناھىيىسىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1961 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يەكەن، پوسكام ناھىيىلىرىدە ئوقۇتقۇچى، «يەكەن گېزىتى» ئىدارىسىدا نابورچىك. يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە كەسپىي ئىجادىيەتچى بولۇپ ئىشلىگەن.

شائىر 1958 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا يازغان، شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شائىرلىق ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن «شائىرلىق قۇربان» ناملىق دراممىسى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ، ۋەتىنى، خەلقى، پارتىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مەدھىيىلەيدىغان، ۋاپا، سۆيگۈ - ساداقەت، ئەدەب - ئەخلاقنى كۈيلەيدىغان، جەمئىيەتتىكى پارىخورلۇق، ئاچكۆزلۈكتىن ئىبارەت رەزىل ئىللەتلەرنى قامچىلايدىغان نۇرغۇن شېئىر، ناخشا تېكىستلىرى ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان. شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ پىكرى روشەن، ئىجتى-

ما ئىي قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، كىتابخانلارغا كۈچلۈك ئىستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

شائىرنىڭ «تارىم قىزى» ناملىق ناخشا تېكىستى 1983 - يىلى مەملىكەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكىدە مۇنەۋۋەر ئەسەر ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا؛ «سەن چىرايلىق، سەن ئوماق» قاتارلىق خېلى كۆپ ناخشا تېكىستلىرى 1985 - ۋە 1987 - يىللىرى ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرەكلىرىدە مۇنەۋۋەر ئەسەر ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشىر قىلغان «ۋىسال كۈيلىرى» ناملىق كوللېكتىپ شېئىرلار توپلىمىغا شائىرنىڭ بىر تۈركۈم تاللانغان ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

شائىر ئۆمەر سايىت (جەۋلانى) 1992 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى 50 يېشىدا، كېسەللىك سەۋەبى بىلەن يەكەندە ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ توپلامغا شائىرنىڭ بىر بۆلۈك شېئىر - ناخشا تېكىستلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

شائىر ئۆمەر سايىت (جەۋلانى) ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

ئابدۇسەمەت خېلىل

1993 - يىل، 8 - ئاي.

# مۇندەرىجە

## شېئىرلار


ۋەتەنگە ........ 3
ئىشلەش ئۈچۈن كەلدىم قىشقىغا ........ 3
پاختىكار قىزغا ........ 4
سالام، ئورمان ........ 6
قەدرىم ........ 7
كەشتىچى قىزغا ........ 7
قەھرىمانلارغا مەدھىيە ........ 8
ئاق ئالتۇن ........ 9
سۇچى يىگىتنىڭ جاۋابى ........ 9
كۈت ........ 10
ئۈزۈلگەن گۈل ........ 11
جانانىمغا ........ 12
قەسەم ........ 12
يېشىلگەن تۈگۈن ........ 13
نومۇس ........ 14
كۆز خىسلىتى ........ 15
پىئونېر ئىنىمگە ........ 17
قەدىرلەيمىز سېنى تا ئەبەد ........ 18

گۈل ئىشقىدا ........................ 19
ئانا قەدرى ........................ 20
ئانا مۇھەببىتى ........................ 20
سەن ئۈچۈن قۇربان ئېرۇر ........................ 21
بولسا ........................ 22
پەرق ........................ 23
بار ........................ 24
كومپوزىتورغا ........................ 24
باھار پەسلى ........................ 25
جامالىڭنى كۆرىمەن ئايدىن ........................ 26
پوسكام تەسىراتلىرى (چاتما) ........................ 27
ياز ........................ 32
يالغانچىلىق ........................ 33
ئوغلۇمغا ........................ 34
يوق ........................ 35
بىلمىدىم ........................ 35
سەن قىزچاقتا زادى بىر گەپ بار ........................ 36
جاۋاب ........................ 37
پاكلىق قەسىدىسى ........................ 38
ئەسلا ........................ 40
كەچ ........................ 40
مۇخبىر - ئەلنىڭ غۇرۇرى ........................ 41
ئىككىمىز ........................ 43
كېتەر چېغىم ........................ 43

## ناخشا تېكىستلەر

ئانا ........................ 47
كۆيلەيمەن باھارىمنى ........................ 47

گۈزەل يۇرتۇم ........................ 48
ياشا، شانلىق ئارمىيەم .................. 49
گۈزەل چاغلار ........................ 49
ئانا دىيار ........................ 50
ئېچىلدى قىپقىزىل گۈللەدەك .................. 51
تراكتورچى تۇرسۇنئاي .................. 52
ئۇزاتقاندا ........................ 53
سىنالايسەن شۇ چاغدا .................. 54
تۇردى ئاخۇن ئاكىنى ئەسلەيمەن .................. 55
بولدۇم بەخت رەناسى .................. 57
قالۇر ياخشى دېگەن نامىڭ .................. 58
ئۆتەرمەن سەن بىلەن بىللە .................. 59
ئايدىڭ كېچە ........................ 59
ئۇلۇغ پارتىيەم ........................ 60
گۈل يېزام قوينۇڭدا مەن .................. 61
قىزىل تاڭدىن ........................ 61
تارىم قىزى ........................ 62
سەن چىرايلىق، سەن ئوماق .................. 63
بېغىمىزنىڭ سوۋغىسى .................. 64
ئىشلىگىن، چىۋەر يارىم .................. 64
سېغىندۇردۇڭ ........................ 65
قەدىردان دادا ........................ 66
ناخشام ........................ 67
سەھرا قىزى ........................ 68
كېلىمەن ........................ 69
تاتلىق ........................ 70
يار ئىشقى ........................ 71

# شپڑلار

## ۋەتەنگە

ئۇلۇغ ئانا ۋەتىنىم،
قوينۇڭ گۈزەل باغ ماڭا؛
پۈتمەس مېھرى ـ شەپقىتىڭ،
چەكسىز يۆلەك تاغ ماڭا؛
سەنچۈن چەكسەم رىيازەت،
بولغاي خۇشال چاغ ماڭا؛

1957 - يىل ئۆكتەبىر.

## ئىشلەش ئۈچۈن كەلدىم قېشىڭغا

خوراز چىللاپ يېزىمىزدا تاڭ ئاتتى،
شۇ چاغ مېنى ئۇزاتقانتىڭ ئوقۇشقا.
دېگەن ئىدىڭ: «ـــ قايتقىنىڭدا ئالدىڭغاـــ
چىقىمەن گۈل ئېلىپ ساڭا تۇتۇشقا».

مانا بۈگۈن ئوقۇشۇمنى تۈگىتىپ،
كەلگىنىمدە چىقتىڭ كۈلۈپ ئالدىمغا.
راستىتىن بىر جۈپ گۈل باركەن قولۇڭدا،
ئۇزاتقانتىڭ، ئالدىم خۇشال قولۇمغا.

ئەسلىدىمەن شۇ چاغ سېنىڭ سۆزۈڭنى،
كۆل دېگىنىڭ كەتمەن ئىكەن، ئەقىللىق.
«يۇر ئىشلەيلى ئېتىزلىقتا» دېگىنىڭ،
قۇلىقىمغا زەپ ئاڭلاندى يېقىملىق.

«مېنىڭدىمۇ ئارزۇ - ھەۋەس شۇ ئىدى،
ئىشلەش ئۈچۈن كەلگەن ئىدىم قېشىڭغا.
قانداق ياخشى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىمەك،
سەھەر چىقىپ ئېتىزلىقتا — يېنىڭدا».

دېگىنىمدە، قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ،
كۈلۈپ كەتتىڭ غەيرىتىمنى قايىنتىپ.
شۇ سۆزۈڭدىن تىكلەپ تاغدەك ئىرادە،
ئېتىزلىقتا ماڭدىم ناخشا ياڭرىتىپ.

1958 - يىل سېنتەبىر.

## پاختىكار قىزغا

ئېسىمدىدۇر سەن بىلەن شۇ يېزىدا،
ئامراقلىشىپ بىللە ئويناپ يۈرەتتىم.
بارا - بارا مېھرىڭ چۈشۈپ دىلىمغا،
مەنمۇ سېنى شۇنچە ياخشى كۆرەتتىم.

سېنى ھەرگىز تاپالمايتتىم ئۆيۈڭدىن،
ئىزدەپ بېرىپ ئېتىزلىقتا كۆرەتتىم.

سۇ تۇتاتتىلىق يەڭنى تۇرۇپ كېيۋەزگە،
زوقۇم كېلىپ، شېرىن خىيال سۈرەتتىم.

ئۇ چاغلاردا ھەر ئىككىمىز ساۋاتسىز،
سۇنالمايتتۇق بىرەر پارچە خەت يېزىپ.
ھازىرقىدەك يۈرەكلەرنىڭ مېھرىدىن،
تۇتالمايتتۇق ياكى دەستە گۈل تىزىپ.

ئۇ چاغلارمۇ ئىشچان ئىدىڭ ئامرىقىم،
قىرياقىلاپ كېتەلمەيتتىڭ ئېتىزدىن.
«ئاق ئالتۇندىن ئالسام،— دەيتتىڭ — تونىلاپ،
بولۇپ ئەلنىڭ ئۇيغۇر ئىشچان قىزىدىن».

بىراق، ئۇ چاغ ئاشالمىدى تىلىكىڭ،
بۇقۇسىدا ھەيدىگەچكە يىرىڭنى.
كېيۋەزلىرىڭ ئۆسەلمەيتتى بوي تارتىپ،
كېچە - كۈندۈز تۆكسەڭمۇ ھەم تېرىڭنى.

مانا بۈگۈن يۈرەك باغرىڭ يايرىدى،
ئىلىم - پەننىڭ پارلاق نۇرى چېچىلىپ.
كېيۋەزلىرىڭ سىغماي قالدى ئېتىزغا،
سانسىز غوزا زەپ چىرايلىق ئېچىلىپ.

1958 - يىل نويابىر.

## سالام، ئورمان

كۆز يەتكۈسىز پايانسىز ئورمان،
سالام ساڭا دىلدىن – يۈرەكتىن.
ناخشىمىزنى ياڭرىتىپ خۇشال،
قۇچىقىڭغا كەلدۇق بۆلەكتىن.

قۇچاق ئېچىپ تۇرۇپسەن ماڭا،
باغرىڭ تولۇپ زۇمرەت ياپراققا.
سايە تاشلاپ تۇرساڭ كۆكرىپ،
كىممۇ قاتناس سېنى قوشاققا؟!

چېكىمىزدىن ئاققان تەرىمىز،
قۇچىقىڭنى ئوراپتۇ گۈلگە.
ئوخشىمايسەن شۇ تاپتا ھەرگىز،
تونۇغۇنىكى قاغجىراق چۆلگە.

بۈگۈن يەنە چىقتۇق باشقىدىن،
قولىمىزدا جىرىم ۋە كەتمەن.
تاراشلايمىز چۆنەكلىرىڭنى،
چۈنكى بىزلەر قەدرىڭگە يەتكەن.

كۆكەرتىشكە ۋەتەن قوينىنى،
پارتىيىمىز يول ئاچتى داغدام.

ئۆسكىن ئاينىپ ئورمانزارلىقىم،
ئەتىكى كۆركەم بەستىڭگە سالام.

1960 - يىل مارت.

## قەدرىم

قىچاردىم، كەلمىسەڭ بوپتۇ،
سېغىنساڭ، بىر كۈن كېلەرسەن.
ئايرىلسام سېنىڭدىن جانان،
قەدرىمنى ئاندىن بىلەرسەن.

1960 - يىل مارت.

## كەشتىچى قىزغا

هەر كۈنلۈكى كۆرىمەن سېنى،
قوللىرىڭدا تال مەشۇت يىپى.
بىر سۆز ئېيتاي دەيمەن ئىچىمدە،
بىراق ئۈنىڭ كەلمەيدۇ ئېپى.

مانا، ياغلىق چىقتى قولۇڭدىن،
زەپ چىرايلىق گۈزەل تىكىلىپ.
ئاسمانىدىكى ئوماق يۇلتۇزدەك،
نۇر چېچىلغان گۈللەر چېكىلىپ.

ياغلىقىڭنى سەن كىمگە ئاتاپ،
تىكىپ چىقتىڭ بىلمىدىم ئەمما.

كۆكلۈكدە بىر نى - ئۇ نى شۇ نىڭغا.
تۇتىسە نغۇ قىلىپ يا لدا ما.

مەنمۇ سىنىڭ يا غلىقىڭ ئۈچۈن،
قىزىقىمەن، بەرسە دەپ ئۇنى.
ئۆزۈڭ بىلىپ يەتكۈچە تا كى
دېمەسمەن ساڭا ھەرگىز ئۇ سىر نى.

1960 - يىل ئا پرېل.

### قەھرىما نلارغا مەدھىيە

پا رتىيىمىز باشلىغان ئۇلۇغ—
مېڭىپ پا رلاق غالىب يول بىلەن،
يا را تتىڭلار مۆجىزە - با يلىق،
ئا لما س ئىشچان، چەۋەر قول بىلەن.

يىلنى كۈنگە، ئەسىرنى ئا يغا،
تەڭ قىلدىڭلار با تۇر يۈرەكلەر.
پۈراق چېچىپ ئېچىلدى يا شنا پ،
ئىجا د گۈلى قىزىل چېچەكلەر.

قەھرىما نلار غەيرەتىڭلارغا،
قا يىل بولدى زېمىن ۋە ئا سما ن.
ئىجا دىڭلار - شا نلىق تۆھپەڭلەر،
ئەل تىلىدا بولما قتا داستان.

1960 - يىل ئا پرېل.

## ئاق ئالتۇن

ئاق ئالتۇن ئېچىلماقتا،
رەڭمۇ رەڭ چېچەك بىز ئىلىك.
ئىشلە يلى چىۋەرلىكتە،
ئالماس گاڭ بىلەك بىز ئىلىك.

ئاق ئالتۇن يېتىلگەندە،
كۈلمەمدۇ يۈرەك بىز ئىلىك.
ئالماس دىلدا ئارمانلار،
ھەل بولسا تىلەك بىز ئىلىك.

1960 - يىل سېنتەبىر.

## سۇچى يىگىتنىڭ جاۋابى

شوخلىنىپ، شاۋقۇن سۇرۇپ باھار سۈيى،
تاغلاردىن – جىرالاردىن ئېقىپ كەلدى.
ئەركىلەپ، كۈلۈمسىرەپ سۇ پەرىسى،
زوقلىنىپ ئەتراپلارغا بېقىپ كەلدى.

كۆردىكى، ئۆتكەن باھار كەلگەن يولى،
– نەدىدۇر،– تاپالمىدى ئۇنى ئويلاپ.
شۇ چاغدا كەتمەن تۇتقان سۇچى يىگىت،
شادلىنىپ كەلدى ئۆستەڭ – قاشنى بويلاپ.

«ھەي يىگىت، — دېدى ئاستا سۇ پەرىسى، —
چىققانىدىم بۇ باھاردا قىلىپ سەيلى.
خالىسام چۆللەر كېزىپ يۈرەر ئىدىم،
خالىسام باغلار ئارا پۇراپ لەيلى.

بۇ باھار يوللىرىمنى توراپسىلەر،
قانداقمۇ كەلدى بۇ ئىش دىتىڭلارغا.
ئەمدى مەن غايىب بولۇپ يەر - زېمىندىن،
تەگمەسەم قۇرغاق بولۇپ جېنىڭلارغا».

شۇ چاغدا سۇچى يىگىت بەردى جاۋاب:
«مەيلى مۈك يەر ئاستىغا قولىمىز بار.
قۇدۇق قېزىپ تېپىپ سېنى نەدە بولساڭ،
ئېتىزلارغا باشلايدىغان يولىمىز بار».

1960 - يىل.

## كۈت

چىن ۋاپادار بولساڭ جانان، زارلىقىپ گۈلشەندە كۈت،
شادلىنىپ ئەمگەك ئارا سەن، زوقلىنىپ كۈلگەندە كۈت.

قانچە يىل ئۆتتۈك يولۇمغا تەلمۈرۈپ كۆپ كۆز تىكىپ،
سېغىنىشىنىڭ يالقۇنى گۈلخان بولۇپ كۆيگەندە كۈت.

چىن ۋاپادار ئاشىقىڭمەن، تا ئەبەت مېھنەت بىلەن،
غەيرىتىم مۈشكۈل تېغىنىڭ بويىنىنى ئەگكەندە كۈت.

مەن يۈرۈپ كەتتىم قىشمىغا پۈرسەت يېتىپ جانان بولغۇن.
بىپايان چەكسىز ئېتىزنىڭ قوينىغا يەتكەندە كۈت.

ئەمگەك سۆيۈپ، تەر ئاققۇزۇپ، ئەلنى رازى ئەيلەي جانان،
ئاشلىقىمنىڭ بويى تاغدىن ھالقىپ ئېشىپ كەتكەندە كۈت.

1961 - يىل ئۆكتەبىر.

## ئۈزۈلگەن گۈل

يول ئۈستىگە تاشلىنىپتۇ گۈل،
(تۇرغىنىدا ئەمدى ئېچىلىپ.)
تەقدىرىنى ئويلاپ شۇ گۈلنىڭ،
كەتتى بىردىن كۆڭلۈم چېچىلىپ.

چۈنكى گۈلنىڭ ئۆمرى بەك قىسقا،
پەسلى ئۆتسە قۇرۇيدۇ دېمەك.
مۇرادىغا يەتكۈزمەي ئۇنى،
ئۈزدىكىنە قايسى تاش يۈرەك.

ئەمدى گۈللەپ ۋاقىتسىز سولغان،
شۇ گۈل ئۈچۈن چېكىمەن ھەسرەت.
دوستۇم يەتكىن گۈلنىڭ قەدرىگە،
گۈل سىمۋولى چۈنكى مۇھەببەت.

1961 - يىل مارت.

## جانانغا

ئازلىنىپمۇ ئۆتمە قېشىمدىن،
ئەركىلەپ ھەم تۇتما پېشىمدىن.
مەڭگۈ سەندىن نەپرەتلىنىمەن،
گۈل چاچساڭمۇ ھەتتا بېشىمدىن.

1962 - يىل يانۋار.

## قەسەم

كىرپىكىم ئىلىنماي قىلچە ئۇيقۇغا،
ساناقسىز كېچىلەر ئۆتتى ئالدىمدىن.
قولۇمدا ئاپتومات تۇرسەن پوستا،
جانىجان ۋەتىنىم چىقماس يادىمدىن.

قارايمەن زوقلىنىپ ئېگىز چوققىدىن،
ئۇلۇغۋار ۋەتىنىم كۆز تىكىپ ساڭا.
ئاقىدۇ قەلبىمدە مېھرىڭ دەرياسى،
شۇ قەدەر سۆيۈملۈك ئۇلۇغ سەن ماڭا.

تۇرسەن ھەر قاچان قۇياشتەك پارلاپ،
ئىقبالىڭ ئېچىلغان قىزىل غۇنچىدەك.
زاۋۇتلار، ئېتىزلار، كانلار ھەم تاغلار،
ياراشقان كۆكسىڭگە خۇددى ئۈنچىدەك.

شۇ گۈزەل ھۆسنۈڭگە قىلماق بولۇپ قەست،
دۈشمەنلەر تۇردۇ ھەر ياقتىن ماراپ.
كۆزىتىپ تۇرىمەن كېچە ھەم كۈندۈز،
مەن سېنى قوغداپ بۈركۈتتەك قاراپ.

ۋەتىنىم ئالدىڭدا بېرىمەن قەسەم،
ساقلاشقا دۈشمەندىن سېنى بىخەتەر.
چۈنكى مەن قاراۋۇل چېگرادا شۇئان،
نامىمنى ئاقلايمەن قۇچۇپ شان - زەپەر.

1962 - يىل ئىيۇل.

## يېشىلگەن تۈگۈن

تال مەشۇتنى كۆتۈرۈپ كېلىپ،
توختاپ قالدىڭ ئالدىمدا بىر پەس.
تىكىلگەندە بولاقتەك كۆزۈڭ،
ساڭا قاراش بولدى ماڭا تەس.

يەر تېگىدىن تىكىلىپ باقتىم،
بىر جۈپ گۈزەل ئوتلۇق كۆزۈڭگە.
نۇر تاماتتى كىرپىكلىرىڭدىن،
تولۇن ئايدەك سومبات يۈزۈڭگە.

نازىك بىلەن ئەركىلەپ - كۈلۈپ،
ئېشىۋالاي دېدىڭ يېپىڭنى.

بارمىقىمنى چىقاردىم شۇ ئان،
ئاڭلاپ سىنىڭ ئاشۇ گېپىڭنى.

ئوڭ قولۇمغا ئالماپ يىپىڭنىڭ —
بىر ئۇچىنى چىشلىدىڭ ئەپلىك.
بىر ئۇچىنى ئالقىنىڭ بىلەن،
ئەشتىڭ ئاستا، ئىكەنسەن پەملىك.

ئەشكىنىڭدە يىپىڭنى ھەر بىر،
يۈرەكىم رىشتىم بىرگە ئېشىلدى.
ساڭا بولغان مۇھەببەت - سۆيگۈ —
تۈگۈنلىرىم تامام يېشىلدى.

1963 - يىل ئاۋغۇست.

## نۇمۇس

لەۋزىگە قىلماي ئەمەل، ۋەدىدىن كەچكەن نۇمۇس،
ئۆپكىنى قۇيرۇق كۆرۈپ، ئەتىدىن كەچكەن نۇمۇس.

سۇ ئىچىپ تەشنالىقى قانغان قۇدۇققا تۈكۈرۈپ،
شۇ قۇدۇق قازغان كىشىنىڭ تەرىدىن كەچكەن نۇمۇس.

ھەيلى كىم بولماقنى قوي، ئالتۇن بىنادا ئولتۇرۇپ،
ئۆزلىرى ئۆسكەن، تۇغۇلغان كەپىدىن كەچكەن نۇمۇس.

ھېچقاچان بەرمەس كۆكۈلگە غەيرى سازخۇشخۇي سادا،
ئەل بىلەن چالغان مۇقام ـ كۈي، پەدىدىن كەچكەن نۇمۇس.

ياخشىنىڭ قەدرىنى بىلمەي بىر يامانغا دوست بولۇپ،
دۈشمىنى تۇتسا قەدەھنى سىر بېرىپ ئىچكەن نۇمۇس.

قالمىغىن غەپلەتتە جەۋلانى ئېسىڭدە تۇت شۇنى:
باش ئېگىپ قىيىنچىلىقتا ئەركىدىن كەچكەن نومۇس.

1964 - يىل ئاپرېل.

## گۈز خىسلىتى

ئۆتىدۇ يىل ئىچىدە قانچە ئايلار،
ھەر بىرى ئۆزگە لايىق كۆركەم بىلەن.
تەبىئەت يېشىللىقتا تولار شۇ دەم،
ئەتلەس ھەم كىمخاپ كىيىپ كۆكلەم بىلەن.

ۋايىغا يەتكەن گۈزەل قىزدەك كۈلۈپ،
گۈل قىسىپ باھار كېلەر باغ مارىلاپ.
تولدۇرۇپ چاناقلارنى ئالتۇن دانغا،
ياز كېلەر ناخشا ئېيتىپ قىر ئارىلاپ.

ياز بىلەن ئېتىزلاردا ئوخشاپ بۇغداي،
ئومىدنىڭ ياشىراپ كېتەر غەزەللىرى.

بېغىشلاپ تەنگە راھەت، جانغا ھۇزۇرە
يېتىلەر كۆزنىڭ شېرىن ھەسەللىرى.

توي تارتىپ تويغا كەلگەن كېلىنلەردەك،
كۆز كېلەر ئىشقا چىللاپ ئالدىراقسان.
ئۆرۈلۈپ دالا — تۆزلەر كۆزەللىككە،
باشلىنار كۆز زىننىتى گۈل باراقسان.

كۆز بىلەن تۆشمۇ تۆشتا ياڭراپ ناخشا،
قاينايدۇ ئېتىز — قىردا ئىش باشقىچە.
ئەمگەكنىڭ بارار قىزغىن مىنۇتلىرى،
ئاخشامدىن تاكى ئاپئاق تاڭ ئاتقۇچە.

خۇشاللىق سادالىرى دولقۇنلىنىپ،
ياڭرايدۇ ئېتىزلاردا نەغمە — ناۋا.
كۆڭۈلگە مەلھەم بېرەر ئىش قوينىدا،
سەگىتىپ يۈرەكلەرنى سالقىن ھاۋا.

كۆز بىلەن ئالتۇن دانغا تولۇپ ساڭلار،
دىللاردىن تاشتى يامراپ شادلىق كۈيى.
باشلىنىپ يۇرتىمىزدا مەمۇرچىلىق،
قىزىدى زەپ كۆڭۈللۈك ھوسۇل تويى.

1965 - يىل نويابىر

# پىئونېر ئىنىمگە

قىپقىزىل گالىستۇك بويىنۇڭدا،
نۇر چېچىپ ھۆسنىڭگە ياراشقان.
قۇياشتەك پارلىغان بەختىڭگە،
زوقلىنىپ بارچە ئەل قاراشقان.

ۋەتىنىم، خەلقىمنىڭ غۇرۇرى،
ئۆمۈرنىڭ گويا گۈل پەسلىسەن.
چېلىشچان ئەۋلادلار قېنىدىن،
تۆرەلگەن بىغۇبار نەسلىسەن.

سەن بۈگۈن پاراتتىن ئۆتىسەن،
قەلبىڭدە شادلىقنىڭ نامايان.
مەيداندا ئاققاندا قىزىل سەپ،
قوزغالغاي دىللاردا ھاياجان.

شۇ قىزىل سەپ بىلەن يۈكسىلىپ،
ئۆرلەيسەن ئاداققى پەللىگە.
ئىنژېنېر، ئالىمسەن، يازغۇچى،
مۇيەسسەر بولىسەن غەلىبىگە.

بىلگىنكى، كەڭتاشا سەن ئۈچۈن،
بەختىيار زامانىم قۇچىقى.

ئۆگەنسەڭ ئاچىدۇ شۇنچە كەڭ،
قوينىنى بىلىمنىڭ ئۇچقى.

ئۇكىجان تىرىشقىن، تىرماشقىن،
سۆزۈمنى قەلبىڭدە ساقلىغىن.
ئۆگىنىش، ئوقۇشتا بول ئەلا،
گالستۇك شەنىنى ئاقلىغىن.

1978 - يىل يانۋار

## قەدىرلەيمىز سىزنى تائەبەت

يۈرىكىم قېتىدىن يوللىدىم سالام،
قوبۇل قىل ئۇستازىم چىن ھۆرمىتىمنى.
ئالەمچە شادلىقتا قىلىمەن ئىزھار،
ساڭا بۇ يالقۇنلۇق مۇھەببىتىمنى.

كۈيلەيمەن شەنىڭنى ناخشامغا قېتىپ،
بولغاچقا سەن ماڭا قەدىردان ئۇستاز.
چۈنكى سەن مېھرىڭنى سىڭدۈردۈڭ ھەردەم،
ئوقۇتۇپ قەلبىمنى قىلدىڭ باھار - ياز.

كېچىلەپ ئۇيقۇسىز تەييارلىدىڭ دەرس،
مەن ئۈچۈن ئۆگىنىپ، ئىزلىنىپ شۇنچە.
«ئا» بولدى تۇنجى دەرس، سەن بىلەن ئاخىر
قەلبىمگە چېكىلدى بىلىمدىن ئۈنچە.

ئۇستازلىق ھۆرمىتىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغ.
بىر نەسەن ئىنسانغا ئەقىل ـ پاراسەت.
تۆمۈرگە جان بېرىپ ئاسماندا ـ يەردە،
ئۇيناتقان سەندىكى يۈكسەك ماھارەت.

سەن بىلەن يېتىلدى ئىنژېنېر، ئالىم،
سەن بىلەن يېتىلدى يازغۇچى، شائىر.
سەن بىلەن يېتىلىپ بىلىملىك دېھقان،
بولماقتا كۈرەشتە ھەممىگە قادىر.

1979 ـ يىل سېنتەبىر.

## گۈل ئىشقىدا

ھەر باھاردا گۈللەر ئېچىلىپ،
باغلار ئارا چاچار خۇش پۇراق.
كۆكۈللەرنى قىلىدۇ مەپتۇن،
گۈزەللىككە چۈمۈپ ھەممە ياق.

قىزلار ئاشۇ گۈلنى ئالىنىپ،
كېتەلمەيدۇ قېشىدىن نېرى.
بىرى ئۈزۈپ پۇرىسا گۈلنى،
چېكىسىگە قىسىدۇ بىرى.

بۇلبۇللارمۇ گۈلنىڭ ئىشقىدا،
خەندان ئۇرۇپ سايرار بەس ـ بەستە.

مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى قىپ،
قىز ـ يىگىتلەر ياسار گۈل دەستە.
1979 - يىل ئۆكتەبىر

## ئانا قەدرى

«ئانا» دېگەن شۇ ئۇلۇغ سۆزنىڭ،
مەنىسىگە يەتمەك ئەڭ قىيىن.
بىراق بۇنى چۈشىنىش ئاسان،
پەرزەنت يۈزى كۆرگەندىن كېيىن.

ئانا قەدرىگە يېتىسەن دوستۇم،
بىر كۈن بوۋاق دەردىنى تارتساڭ؛
كېچىپ تاتلىق ـ شىرىن ئۇيقۇدىن،
ھەمراھ بولۇپ بىر كېچە ياتساڭ.
1982 - يىل ماي

## ئانا مۇھەببىتى

ھەر ئادەمدە بولار مۇھەببەت،
ساقلار ئۇنى كۆكلۈل ئۆزگىچە.
ئەمما بەزەن مۇھەببەت گۈلدەك،
توزۇپ كېتەر يەتمەي كۈزگىچە.

لېكىن ئانا مۇھەببىتىگە،
تىلىم بارماس كەلتۈرۈشكە شەك.

ئانا مېھرى ھەر بىر يۈرەككە،
ئۈچمەس يالقۇن بېرەر قۇياشتەك.
1982 - يىل ماي.

## سەن ئۈچۈن قۇربان ئېرۇر

ۋەتىنىم بەختىنىڭ مىسالى تاڭدىكى چولپان ئېرۇر،
سەن ئۈچۈن مېھرىم ئەزەلدىن خۇددى ئوت كۆلخان ئېرۇر.
تۇغۇلۇپ قوينىڭدا ئۆستۈم شىر يۈرەك ئوغلۇڭ بولۇپ،
شۇ سەۋەب قەلبىمدە پەخرىم، شادلىقىم فونتان ئېرۇر.

بولسا گەر ئالتۇن - گۆھەرلىك تاغلىرىم تاجىم مېنىڭ،
سۇلىرىڭ ئابى ھاياتتەك، تەنگە جان دەرمان ئېرۇر.

ياپپېشىل زۇمرەت ئېتىز، ئالتۇن دالا، يايلاقلىرىڭ،
تۈگىمەس مول نازۇ - نېمەت يوشۇرۇنغان كان ئېرۇر.

مەن ئۈچۈن ھاتتا بىاياۋان، چۆل - جەزىر قۇملۇقلىرىڭ،
خۇش پۇراق گۈللەرگە تولغان خۇددى باغ-بوستان ئېرۇر.

تۇتىيا بولسا كۆزۈمگە تۇپرىقىڭ، چىمدىم تۇپاك.
چارى مىخ، قامغاقلىرىڭمۇ سۇمبۇلى - رەيھان
ئېرۇر.

ھەر نەپەس ھۆسنۈڭگە باقسام ئاشىقى شەيدا بولۇپ،
كۆلگە باغرىڭنى ئۇراشقا غەيرىتىم چەندان ئېرۇر.

ياشنىدىڭ ھۆرلۈك - سائادەت كۆكىدە جەۋلان
قىلىپ،
شان زەپەر بابىدا نامىڭ ئەل ئارا داستان ئېرۇر.

سەن كەبى غالىب ئېلىمگە كۆز ئالايتسا ياۋ ئەگەر،
ئوقلىرىم بىرلە تامامى يەر بىلەن يەكسان ئېرۇر.
1982- يىل ئىيۇل.

## بولسا

كىشى ھېچۋاقىتتا خار بولماس ئەگەر ئىشچان قولى بولسا،
ئۆتەر ئۆمرى باياشاد - توق، ئەجىرلىك ھەق يولى
بولسا.

بويۇن قىسماس كىشى ھەرگىز بولۇپ نائەھلىگە
موھتاج،
قىلىپ مېھنەت جاپا بىرلە ھالال تاپقان پۇلى بولسا.

شىجائەتسىز، بېلى بوشنىڭ چاپانى ئاشىمغاي تىزىدىن،
دەرەخ بولغاي كۆچەتلەرمۇ ئۆسۈپ، يىلتىز - غولى
بولسا.

ئۇپا - ئەڭلىك قۇرۇق سۆلەت قويار ئىنسانىنى غۇربەتتە،
بىرى مىڭ بولغۇسى يەڭنى تۈرۈپ ئىشقا چولى بولسا.

نە ھاجەتتۇر تاما قىلماق كىشىنىڭ مالۇ - مۈلكىدىن،
ھۈنەر - ھېكمەت، ئىلىم - پەندىن پولاتتەك چىڭ
ئۇلى بولسا.

ئۇلۇغ ئەۋزەل يىلىنماقتىن تايان ئەجدىگە جەۋلانى،
ياشايدۇ ئەتىۋار ھەركىم، ئىجاد - مېھنەت گۈلى بولسا.
1983 - يىل يانۋار.

## پەرق

سۆيگۈمنىڭ ئىلاھى بولسا مۇبادا،
بولاتتىڭ سەن ئاڭا نۇرلۇق پەرىشتە.
بىلمىدىم، قانداقچە تەلپۈندىم ساڭا،
مەن پەستە، سەن تۇرساڭ گوياكى ئەرشتە.
1986 - يىل يانۋار.

## بار

ھېللىتىم، خەلقىمگە باقسام يۈكسەك ماھارەت
بىزدە بار.
يەشكىمدەك ئالەم سىرىنى ئەقىل - پاراسەت
بىزدە بار.
ئەسلىسەك، ئەجدادىمىز تارىخ بېتىنى چاقنىتىپ،
قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇلۇغ ھېكمەت - كارامەت
بىزدە بار.
1986 - يىل يانۋار.

## كومپوزىتورغا

تۈن ئىسپى،
جىمىلىققا چۆككەن ھەممە ياق،
قارايمەن ئۆيۈڭدىن ئۆچمەيدۇ چىراق.
ئىسكىرىپ چالىسەن ئولتۇرۇپ تەنھا،
خىيالچان كۆزلىرىڭ ئۇيقۇدىن يىراق.

قوشۇما قاشلىرىڭ تۈرۈلۈپ بەزەن،
تەپەككۇر قۇشلىرىڭ قاقىدۇ قانات.
بولىدۇ نامايان ئالدىڭدا شۇ چاغ،
بېغىشلاپ زوق، ئىلھام ساڭا ھۆر ھايات.

ئۆتمىدۇ لىنتىمدەك تىزىلىپ خۇددى،
سەن بارغان زاۋۇت - كان، كەڭ ئېتىز-بايلاق
ئۇندىكى ئەڭ گۈزەل تۇرمۇش ھېسلىرى،
كىرىدۇ قەلبىڭگە كۆي بولۇپ ياڭراق.

تەۋرەيدۇ شۇ چاغدا قولۇڭدا قەلەم،
ھەر بىر كۆي - ئاھاڭنى نوتىغا ئېلىپ.
بېرىسەن دىللارغا خۇش ناۋا سادا،
سازىڭنى يېقىملىق سايرىتىپ چېلىپ.

زېھنىڭدىن،
ئەجرىڭدىن يارالغان كۈيلەر،
بەرمەكتە شاد ھۇزۇر يۈرەككە - تەنگە.
سەن ئىجاد ئەيلىگەن ناخشا مۇزىكا،
شان - شەرەپ كەلتۈردى ئانا ۋەتەنگە.

1986 - يىل فېۋرال.

## باھار پەسلى

باھار كەلدى ئېتىز، باغلار تولۇپ گۈلگە - چېچەكلەرگە،
يېقىملىق سايرىدى بۇلبۇل بېغىشلاپ زوق يۈرەكلەرگە.

كېيىپ مەخمەل لىباسىنى ياساندى كەڭ دالا، يايلاق،
ئېدىر، تاغ قوينى پۈركەندى تۈمەن-تۈرلۈك بېزەكلەرگە.

جىمى ئەتراپ گۈزەل شۇنچە، زىلال سۇلار چىپچىپ تۇنچە.
سىما بىتەك يالتىراپ ئاقتى كۈلۈپ ئويناپ چۆنەكلەرگە.

ئۇگا سالسا پىشايۋانغا باھارنىڭ ئەلچىسى قالغاچ،
زەينەپ ئاشىقى كاككۇك كېلىپ قوندى تېرەكلەرگە.

ئېتىز - قىرلاردا بەس-بەستە كۆكۈللۈك قاينىدى ئەمگەك.
كەلگەچ كۈچ-قۇۋۋەت، دەرمان جاسارەت تىلەك بىلە كەلەرگە.

كىمىكى ئەجىر مېھنەت قىپ باھار پەسلىدە تەر تۆكسە،
ئالارياز، كۈزدە تاغدەك ئاش يېتىپ ئارزۇ- تىلەكلەرگە.

1986 - يىل مارت.

## جامالىڭنى كۆرمەن ئايدىن

مەن چېگراغا ماڭار چاغدا ئايرىلىپ سەندىن،
ئاق ياغلىقنى سىلكىپ قالدىڭ ئۇزىتىپ مېنى.
كۈنلىرىمنى جۇدالىقسىز ئۆتكۈزدۈم خۇشال.
سۆيگۈ ۋىسال قۇچىقىدا ياد ئېتىپ سېنى.

كۆككە باقسام جامالىڭنى كۆرمەن ئايدىن،
ئەسلىتىدۇ تاڭدا نۇرلۇق چولپان، كۆزۈڭنى.
خەۋەر بېرىپ شوخ شاماللار ئېلىپ كېلىدۇ،
يىراقلاردىن ئېيتقان سېنىڭ يۈرەك سۆزۈڭنى.

يارىم سېنى سېغىنىمەن ئەسلەيمەن ھەردەم،
قارلىق تاغلار چوققىسىدا تۇرغاندا ھامان.
چىن مۇھەببەت قەلبىمىزدە ئاچىدۇ چېچەك،
گۈزەل ۋەتەن دىيارىمىز بولسا تېنچ ـ ئامان.

1986 - يىل مارت.

## پوسكام تەسىراتلىرى

(چاتما)

### سالام، پوسكام

سالام پوسكام! گۈزەل يۇرتۇم ـ دىيارىم،
سالام ساڭا قوينى يېشىللىق گۈل ماكان.
ئوڭ قولۇمنى ئېلىپ خۇشال كۆكسۈمگە،
سالام بېرىپ كەلدىم بۈگۈن سەن تامان.
كۆرۈپ نۇرلۇق جامالىڭنى قەلبىمدە،
ئاشتى چەكسىز مۇھەببىتىم بىگۇمان.

سەن ئەمەسمۇ پانا تارتىپ كەلگەنگە،
ئۆز باغرىڭدىن ئىسسىق ماكان جاي بەرگەن؛
مېھمىنىڭغا داسقىنىڭنى كەڭ سېلىپ،
ئۇسسىغانغا تاتلىقىنا چاي بەرگەن؛
يېرى يوققا تېرىغىلى يەر بېرىپ،
پىيادىگە مىنگىلى ئات ـ تاي بەرگەن.

يۈرىكىمدە قوزغالدى زوق ـ ئىشتىياق،
باقىنىمدا نازاكەتلىك ھۆسنۈڭگە.
سائادەتنىڭ دىلبىرى بوپ كۆرۈندىڭ،
ئېسىپ بەخت زۇننارىنى كۆكسۈڭگە.
ئىتتىپاقلىق نەمۇنىچى بايرىقىڭ،
قادالغاچقا بۈگۈن گۈزەل ئۈستىڭگە.

قاماشتۇردى كۆزلىرىمنى سەندىكى،
قەۋەت ـ قەۋەت كۆركەم ئېگىز بىنالار.
يوللىرىڭنىڭ ئىككى چېتى مەجنۇن تال،
ئېرىقىڭنىڭ بويىدا گۈل ـ گىياھلار.
قۇچىقىڭدۇر باغۇ ـ بوستان بەئەينى —
سايرىشىدۇ ئۇندا بۇلبۇلگويالار.

مول ھوسۇلنىڭ كانى بوپتۇ ئېتىزىڭ،
بىلدىم ئۇنى ئالتۇن چەشلىك خامانىدىن.
دېھقان ئۆيى مەئىشەتكە تولۇپتۇ،
قوي ـ قوزىلار مەرىشىدۇ ھەر ياندىن.
ئامراقلار مۇ بەختى كۈلگەچ باي بولۇپ،
مىننەتتاركەن ساخاۋەتلىك زامانىدىن.

بولۇپ بەرپا سايلىرىڭدا شەھەرلەر،
قۇرۇلماقتا زاۋۇتلىرىڭ بەھەيۋەت.
قۇچاق ئاچتى ساڭا پارلاق ئىستىقبال،
كېسىلگەندە قىزىل لىنتا تۇنجى رەت.

ئۆرلىشىڭگە ئىمكا نىيەت يا راتتى،
يېڭى دەۋرىم بېرىپ ئىلھام زور مەدەت.

× ×

گۈللە پىوسكام گۈزەل يۇرتۇم - دىيارىم،
زەپەر قۇچۇپ ئۆرلە يۈكسەك پەللىگە.
جەڭ - چېلىشتا ئىتتىپا قلىق - ئىنا قلىق،
كا پا لىتىڭ بولدى ئا ساس غەلىبىگە.
پەرۋاز قىلىپ مەنزىلىسېرى ئۆرلىگىن،
ئىلھام بېرىپ شا ئىرىڭنىڭ قەلبىگە.

## ژىما * يولى

كىچىكىمدە كۆپ ماڭغا نتىم بۇ يولدىن،
ئوشۇقچە توپا كېچىپ - قۇم كېچىپ.
يول بويىدا ئېرىق - ئۆستەڭ يوق ئىدى،
ماگاي دېسەم ئۇسسىغا ندا سۇ ئىچىپ.

يوللار كا تاڭ، يوللار بەكمۇ ئېگىز - پەس،
ئۇزاقلارغا يىلان باغرى سوزۇلغان.
ماڭدىمىدا ئات - ئۇلاغلار يىقىلىپ،
ھارۋىلارنىڭ ئوقى سۇنغان، بۇزۇلغان.

---

ژىما — يېزا ئىسمى

كىرەلمەيتتى شۇڭا دېھقان بازارغا،
بارالمايتتى ياكى يېقىن - يىراققا.
«ژىما يولى» دېسە ئەگەر كىمىكى،
مۇش ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى قۇلاققا.

بۈگۈن كەلسەم ژىما يولى باشقىچە،
ياسىلىپتۇ زەپمۇ داغدام - زەپمۇ تۈز.
كۈن نۇرىدا يالتىرايدۇ ئاسفالت،
كۆز چاقنىتىپ شۇنچە كۆركەم - شۇنچە ئۈز.

يول بويلىرى ئېرىق - ئۆستەڭ ھاۋالىق،
سايە تاشلاپ تۇرغان سۆگەت - تېرەكلەر.
تارقىتىدۇ دىماغلارغا خۇش پۇراق،
يولدا ماڭسا باغدىكى گۈل - چېچەكلەر.

قاتناپ تۇرار ئاپتوبۇس ھەم ماشىنا،
مېڭىپ تۇرار ئات ھارۋىلار قاتارى.
كىرىپ تۇرار بازارلارغا دېھقاننىڭ،
ئاشلىق - چارۋا، قوغۇن - تاۋۇز، ئانارى.

ژىما يولى بولۇپ بۈگۈن ئاسفالت،
راۋانلاشتى ئىلىم - سېتىم دېھقاننىڭ.
دېھقان يېڭى پۇلغا تولدى - باي بولدى،
شاپائىتى بولغاچ يېڭى زاماننىڭ.

## خانىلەنگىرنىڭ* بويىدا

شىددەت بىلەن ئاقار بۈگۈن زەرەپشان،
قىرغاقلارغا ئۇرۇلىدۇ دولقۇنى.
ئاڭلانمايدۇ قۇلاققا ھېچ يېقىملىق،
ئۇنىڭ جۇشقۇن نەغمە — ناۋا شاۋقۇنى.

غەزەپلەنگەن يولۋاس كەبى ھۆكىرەپ،
زەرەپشاننىڭ تۇتۇپ قاپتۇ جۇدۇنى.
چېقىپ كېلەر قىرغاقلارنى گۆكىرەپ،
يوقاتقاندەك ئۆز يولىنى — خۇدىنى.

ھەيۋەت قىلىپ ئۆرلىمەكتە سەل — قىيان،
يۇتماق بولۇپ ئۆي زېمىننى — ماكانى.
تەھدىت سېلىپ كەلتۈرۈشكە چوڭ زىيان،
ۋەيران قىلىپ ئاقتى ئېتىز — خامانى.

خانىلەنگىردە جەڭ باشلىدى شۇئاڭلاشقا،
باتۇر خەلق كېلىپ بۈگۈن ھەركەتكە.
ئېلىشماقتا كەلگۈن بىلەن جان تىكىپ،
تولغاچ چەكسىز كۈچ، جاسارەت — غەيرەتكە.

---

* خانىلەنگىر — جاي ئىسمى

مەيلى ئۇيغۇر، مەيلى خەنزۇ قېرى - ياش،
ئىشچى، كادىر مەيلى دېھقان جەڭچى ھەم.
نېفىتلىكنى، زاۋۇتلارنى، پوسكامنى،
قوغداش ئۈچۈن جەڭگە چۈشتى دەممۇ دەم.

گۆكىرەيدۇ ماشىنىلار تىنىمسىز،
قورام تاشلار ھاسىل قىلار دامبىنى.
بېسىپ تۇرار بىر تەرەپتىن چېقىنىغا،
ئەزمەتلەر ياغاچ - تاش، شاخ - شۇمبىنى.

كېچە - كۈندۈز كۈرەش قىلىپ ئاخىرى،
پەھلىۋانلار يەڭدى خەيىم - خەتەرنى.
تەسلىم قىلىپ زور ئاپەتنى كەلكۈننى،
قەھرىمانلار قۇچتى غەلبە - زەپەرنى.

1986 - يىل ئاۋغۇست.

## ياز

تاغ - دالانى ياپيېشىللىق باغۇ - بوستان قىلدى ياز،
يەر تىنى پۈركەپ گۈل-چېچەككە، گۈلگۈلىستان قىلدى ياز.

تالى مەجنۇن ئارىسىدىن ئاققۇزۇپ ئابىھايات،
ئېرىق ئۆستەڭ بويلىرىنى لالە - رەيھان قىلدى ياز.

ئالما، نەشپۈت شاخلىرىدا سايرىتىپ كاككۇكنى شوخ،
ياپرىتىپ ئوتلۇق يۈرەكنى، دىلنى خەندان قىلدى ياز.

تاڭ سەھەردە ئىشقا چىللاپ كەڭ ئېتىزنىڭ قوينىدا،
ئاشىقىنى مەشۇقىغا جۈپتى-جانان قىلدى ياز.

ۋەدىلەشكەن قىز-يىگىتكە كۈچ-قۇۋۋەت ئىلھام بېرىپ،
بەسلىشىشتە غەيرىتىنى مىسلى چەندان قىلدى ياز.

زور ئۈمىد-ئارزۇ بېغىشلاپ ياش قېرىغا ھەم نەپەس،
مول ھوسۇلنىڭ ئىشقىدا قەلبىنى گۈلخان قىلدى ياز.

بەرگۈزۈپ گۈل-مايسىلارغا مېھرىنى ئىشچان دىلىنىڭ،
ئاشلىقىنى خۇددى تاغدەك چەشمە خامان قىلدى ياز.

يارىتىپ ئىمكانىيەت نامرات-گادايىنى باي قىلىپ،
مالۇ-مۈلكەت، باغ-ۋاران ۋەسلىگە سۇلتان قىلدى ياز.

ئەمگىكىدىن گۈللىنىپ تاپقان روناق ئەل بەختىنى،
ھەدىيەلەپ يازغىلى شائىرغا داستان قىلدى ياز.

1988 - يىل ماي.

## يالغانچىلىق

يول قويمايلى خالايىق،
يالغانچىلىق ئىللەتكە.
يالغانچىلىق چوڭ ئاپەت،
ئۆزىمىزگە، مىللەتكە.

يالغانچىلىق ئوخشايدۇ،
خۇددى ئىبلىس - ۋاباغا.
ئاقىۋىتى ئىنسانىنى،
قويار پۈتمەس بالاغا.

ئۆتەيلى بىز ئالەمدىن،
راست ئىش قىلىپ، راست سۆزلەپ.
بۇلغىمايلى ۋىجدانىنى،
شۆھرەت كۆزلەپ، پۇل كۆزلەپ.

1988 - يىل ئىيۇن

## ئوغلۇمغا

ئوقۇغانىغا بىلىم بايلىق - ئامەتتۇر،
بىلىمسىزلىك ئىنسانىغا زور ئاپەتتۇر.

ئوغلۇم ئوقۇپ بىلىملىك بول - دانا بول،
ئەدەب - ئەخلاق، پەزىلەتتە بەرنا بول.

يامان يولغا ماڭما، تارتقىن ئۆزۈڭنى،
ئەپسىڭنى دەپ تۆكمە ھەرگىز يۈزۈڭنى.

كۆز ئالايتما باشقىلارنىڭ مالىغا،
يەتكىن يېتىم - يوقسۇللارنىڭ ھالىغا.

1988 - يىل ئاۋغۇست

## يوق

تەلمۈرۈپ دىلبەر پەرىشان، كۈتمىگەن بارارىم يوق،
كۆيۈپ ئىشقىڭ بىلەن ئۆتتەك يالقۇنلاپ يانارىم يوق.

بېرىپ رايىمىڭ ئۆزۈن يىللار ئۆتتى زەپ گۈزەل ياشلىق،
بەس، جانان يېتەر ئەمدى سىنىڭدىن ھېچ تامايىم يوق.

1988 - يىل دېكابىر.

## بىلمىدىم

غۇنچىدەك يۇمران، گۈزەل ياشلىق ئىكەننى بىلمىدىم،
ياشلىقىم دەپ قىلغىنىم شاشلىق ئىكەننى بىلمىدىم.

ئۆنچە مەرۋايىت سۆزۈپ پەن- مەرىپەت دەرياسىدىن،
پەيزىنى سۈرگەن ھايات تاتلىق ئىكەننى بىلمىدىم.

«ياشلىقىم ـ ياشالىقىم» بەرگەن بىھۇدە كۈلكىنىڭ،
لەززىتىدىن ھەسرىتى ئاچچىق ئىكەننى بىلمىدىم.

ئەمدى باقسام ئارقىغا، باسقان ئىزىمدىن باغ ئەمەس،
بولغىنى پەيدا شىغىل ـ تاشلىق ئىكەننى بىلمىدىم.

مەنىسىز ئۆتكەن ئەجەپ ھەي-ھەي ئىسسىت شۇ ياشلىقىم،
چىشلىسەم پۇشمانىدا قول قاتتىق ئىكەننى بىلمىدىم.

1989 - يىل يانۋار.

## سەن قىزچاقتا زادى بىر گەپ بار ...

سېنى كۆرسەم يۈرىكىم ئوينار،
ئوتتەك بولۇپ يانىدۇ يۈزۈم.
قاراش ئۈچۈن تارتىنىپ سەندىن،
خىجىللىقتىن چانىدۇ كۆزۈم.

سېنى كۆرگەن چېغىمدا كۆڭلۈم،
سىماب بولۇپ ئېرىيدۇ گويا.
ۋۇجۇدىمنى باسار ھايا جان،
نازىك بىلەن باققاندا قىيا.

باشقىلارغا قارىسام مەندە،
سېزىلمەيدۇ ئۇنداق تۇيغۇلۇش.
ئەمما سېنى كۆرگەندە ماڭا،
ئادەت بولۇپ قالدى ئۇيۇلۇش.

قىز - يىگىتلەر بىرى - بىرىگە،
قاراشقاندا بولامدۇ شۇنداق.
ئىشەنمەيمەن كۆڭۈل چۈشمىسە،
تارتىنىشلار بولامدۇ مۇنداق.

بىلەلمىدىم باشقىنى ئەمما،
شۇ كۆزۈڭدە بىر ئوتلۇق تەپ بار.

كۆيدۈر دسەن كۈندە مىڭ ياڭزا،
سەن قىزچاقتا زادى بىر گەپ بار.
1989- يىل سېنتەبر.

## جاۋاب

«ياردم مېنى سېغىندىڭمۇ ـ سېغىنسالڭ،
مېھرىڭ ماڭا يالقۇن بولسۇپ يانىدۇ.
ئۇزاق بولدى ياكەلمىدىڭ سېغىندىم،
قايسى يىگىت ئۆز ياردىن تانىدۇ».

ئوقۇسام ھەر شۇ خېتىڭنى ئامرىقىم،
سېغىنىشىڭ ئىنتىزارى ئاشىدۇ.
يۈرىكىمدە مۇھەببىتىڭ يالقۇنلاپ،
سۆيگۈ مېھرىڭ دەريا كەبى تاشىدۇ.

ئاشقىنىدا تەقەززالىق چېكىدىن،
سەن تەرەپكە خىيالىم يول سالىدۇ.
ئۆگىنىشىم بولمىغاندا ئەگەردە،
بىر كۆرۈشسەك نېمە ئارمان قالىدۇ.

قانچە كۆرگۈم كەلدى ياردم نە قىلاي،
ئالدىمدا گۈل ھۆسنىڭ چىراي ئاچىدۇ.
«ئاگرانوم بوپ كەل يېزامغا كۈتىمەن»،
دېگەن سۆزۈڭ قەلبىمگە نۇر چاچىدۇ.

شۇ سۆزلۈكدىن ئىلھام ئېلىپ بىلىمىنىڭ،
كەۋسىرىنى ئىچىپ دىلىم قانىدۇ.
يېتىشمىسەم ئاگرانوم بوپ مۇبادا،
مۇھەببىتىم ئالدىڭدا ھەم چانىدۇ.

ئۆگىنىشتە شۇئا ھەر ۋاخ جۇش ئۇرۇپ،
شىجائىتىم تومۇرۇمدا ئاقىدۇ.
قايتسام ئەگەر دىپلوم ئېلىپ قېشىڭغا،
كەڭ ئېتىزلار ماڭا شۇنچە ياقىدۇ.

يېتىلدۇرسەم ئەلا سۈپەت سورتلارنى،
يېزام گۈللەپ مۇرادىنى تاپىدۇ.
ۋىسال قۇچۇپ چىن سۆيگىنىز ئامرىقىم،
بىزگە شۇ چاغ بەخت كۈلۈپ باقىدۇ.
1989- يىل ئۆكتەبىر.

## پاكلىق قەسىدىسى

پاك تۇغۇلدۇم بۇ دۇنياغا ئانامدىن،
ھالال سۈتى قۇۋۋەت بەردى تېنىمغا.
پاك تۆرەلدىم، پاك ياشايمەن بىر ئۆمۈر،
چۈنكى پاكلىق سىڭگەن يۈرەك - قېنىمغا.

غۇرۇرۇمنىڭ كۈشەندىسى رەزىللىك،
رەزىللىكنى سىڭدۈرمەيمەن قېنىمغا.

خىسلىتىمدۇر سەمىمىيلىك ـ ساداقەت،
ئۆزگە خىسلەت ياقماس ھەرگىز دىلىمغا.

ھۆكۈمراندۇر ۋىجدانىمغا دىيانەت،
ساختىلىقتىن رەڭ بەرمەيمەن دىلىمغا.
ئاق كۆڭۈل، پاك ئوغلان بولۇپ يارالدىم،
ئاق كۆڭۈللۈك قوشتى مىڭ جان ـ جىنىمغا.

ۋۇجۇدۇمدا بولغاچ ئەجداد ئۇدۇمى،
تاما بىلەن باقمىدىم يان ـ يېنىمغا.
ئەجرىم بىلەن ياشاپ كەلدىم ھالالدىن،
راۋا ئەمەس ھارامىلىق ئاش ـ نېنىمغا.

ياشاپ كەلدىم، ئەلنى سۆيۈپ ئەلنى دەپ،
چوغ تارتمىدىم ئۆز نەپسىمگە ـ كېلىمغا.
نائىنسابلىق ئىللىتىدىن زەررىچە،
كىر قوندۇرماي ئۆتسەم دەيمەن دىلىمغا.

× ×

ھەشەمەتلىك زىياپەتتىن لەززىزدۇر،
تەر ئاققۇزۇپ يېگەن زاغرا ـ نەسىۋەم.
پاك تۆرەلدىم، پاك ياشايمەن بىر ئۆمۈر،
چۈنكى پاكلىق مېنىڭ يۈرەك قەسىدەم!

1990- يىل ئىيۇل.

## ئەسلا

مۇشەققەت كەلسە چىن ئىنسان يىشىنى تۆكمىگەي ئەسلا،
تىلەپ بەختىنى نامەردتىن تىزىنى پۈكمىگەي ئەسلا.
بولۇپ تەشنا يۈرەكى چاك يىقىلسا گەر لېۋىدىن تامشىپ،
لېكىن، نائەھلىنىڭ تامچە سۈيىنى يۇتمىغاي ئەسلا.
پەلەكنىڭ قىسمىتىدىن ئاچ ئۆلەر ھالەت يېتىپ كەلسە،
تامادا ئۆزگىنىڭ لوقما-نېنىنى كۈتمىگەي ئەسلا.
ھوقۇق مەنسەپنى ئەل بەرسە، بولۇپ كەيپى-ساپادا مەست،
كىرىپ كەينىگە شەيتاننىڭ پېشىنى تۇتمىغاي ئەسلا.
ئۇت دەرياسىدىن كەچكەي لاۋۇلداپ كۆيسىمۇ جىسمى،
خۇشامەت كۆۋرۈكى تاختا-لىمىدىن ئۆتمىگەي ئەسلا.
بېسىپ كەلسە قىيان-كەلكۈن، خەلقنىڭ مال-ھاياتىغا،
ئىسار ئەيلەپ تىكىپ جاننى بۇلۇڭغا مۆكمىگەي ئەسلا.
تۇتۇپ پاك قەلبىنى مەڭگۈ تېپىپ تاغدەك شەرەپ-ھۆرمەت،
ئۆزىنىڭ نەپسىنى كۆزلەپ يۈزىنى تۆكمىگەي ئەسلا.
يۈرەكتىن كۈيلە جەۋلانى ئاشۇنداق ئەھلى-ئىنسانىنى،
ئۇنىڭسىز شېئىرى ئىلھامىڭ-ئىجادىڭ پۈتمىگەي ئەسلا.

1991-يىل ئىيۇل.

## كەچ

بولاي ئادەم دېسەڭ ئەي دوست، قاۋاق مەيخانىدىن كەچ-
كەچ،
ئەقىل زېھنىڭنى خوراتماي چىلىم سەيخانىدىن كەچ-كەچ،

قالار بۇ يولدا ماڭغانلار چىكىپ ھەسرەت ـ پۇشايمانداـ
سىنى بىھۇدە ئازدۇرغان كۆكۈل شەيتانىدىن كەچ ـ كەچ.
قىلىپ مېھنەت جاپا بىرلە ياراتقان خانۇ ـ مالىڭنى،
قۇرۇتقان بىر يولى خۇنخار ـ قىمار مەيدانىدىن كەچ ـ كەچ.
يۇرۇپ ھەر كوچا ـ كويلاردا كۆرۈنگەنگە ئېتىپ پەشۋا،
كىرىپ مەيدەڭنى ماختانماي جىدەل ـ غەۋغايىدىن كەچ ـ
كەچ.
ھايا تىڭ ئۆتمىسۇن ئەي دوست ھەمىشە ئەيشى ـ ئىشرەتتە،
ساڭا نازلىق كۈلۈپ باققان كۆزى شەھۋانىدىن كەچ ـ كەچ.
قۇرۇق سۆلەت بىلەن لاپ سۆز سىنى تاشلار زەبۇنلۇققا،
چېكەڭنى تەرلىتىپ چىشلە، تائام تەييارىدىن كەچ ـ كەچ.
كىشىنىڭ بايلىقى بىلسەڭ ھۇنەر ـ ھېكمەت، ئىلىم ـ پەندە،
ئۇنىڭدىن ئۆزگە مال ـ دۇنيا، خىيال ـ ئەپسانىدىن كەچ ـ
كەچ.

1991 - يىل سېنتەبىر

## مۇخبىر ـ ئەلنىڭ غۇرۇرى

«مۇخبىر» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ،
سۆيۈنىدۇ ھەر كىمنىڭ دىلى.
ئاقنى «ئاق» دەپ يېزىپ، خەلقـقە
قىلمىغاچقا قەلەمدە ھىلى.

كەلسە مۇخبىر شەھەر ـ يېزىغا،
چوڭ ـ كىچىكلەر قىلىدۇ ھۆرمەت.

ئۇلار بىلەن زاۋۇت ئىتىر...دا،
زەپ كۆڭۈللۈك قىزىسىدۇ سۆھبەت.

ئىشچىلارنىڭ ئەجرىنى ماختاپ،
تۆھپىسىنى يازسا گېزىتكە؛
باي بولۇشنىڭ يولىنى سۆزلەپ،
ھەدەپ بېرەر دېھقان يىگىتكە.

ئوتتۇقلارنى يېزىپ مەدھىيىلەپ،
خاتالىقنى ماڭار قامچىلاپ.
مۇخبىرلارنىڭ ھەربىر خەۋەرگە،
يۈرەك قېنى سىڭەر تامچىلاپ.

تارقىلىدۇ گېزىت يۈزىدە،
ئۇچۇرلارنىڭ يېڭى جاكاسى.
ئۇنى ئىزدەپ - قېزىپ تاپقۇچە،
مۇخبىرلىقنىڭ كۆپتۇر جاپاسى.

لېكىن مۇخبىر چىداپ ھەممىگە،
مىزانىغا قىلىدۇ ئەمەل.
ئىسلاھاتنى، دەۋر كۈيىنى،
توختىماي يۇ يېزىپ ھەر مەھەل.

مۇخبىر شۇڭا ئەلنىڭ دىلكەشى،
يازغانلىرى ئەلنىڭ ھۇزۇرى.

مۇخبىر دېگەن خەلقنىڭ يۈكسەك -
ئىپتىخارى، پەخرى - غۇرۇرى!

1992-يىل يانۋار.

### ئىككىمىز

كەل قېنى، سەپكە قېتىل، بىر سەپ ياسايلى ئىككىمىز،
كۆزلىگەن مەنزىلىرى ئالغا باسايلى ئىككىمىز.

بۇ كۆرەشنىڭ سازىنى تەڭشەپ ئىناقلىق پەدىگە،
توي ياساپ دوستلۇق ئۈچۈن شادىيان چالايلى ئىككىمىز.

ئايرىلىپ بىر گەۋدە-تەندىن قانداق ياشايمىز ئېيتقىنا،
شۇ ئۈچۈن دوستلۇقنى چىڭ دىلغا تاڭايلى ئىككىمىز.

ئارىمىزغا كىم يەنە سالسا رىقابەت، دەل ئاڭا—
قەھرىمىز يالقۇنىدىن ئوتلار چاچايلى ئىككىمىز.

1992- يىل ئاۋغۇست.

### كېتەر چېغىم *

كېتەر چېغىم خوش دەپ ئۇزاتتىڭ،
كۆزلىرىڭدىن سىرغىپ چۈشتى ياش.

* ئاپتور بۇ شېئىرلى ۋاپات بولۇشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن يازغان.

قاراپ قالدىڭ تەلمۈرۈپ ماڭا،
ئېرىگەندەك باغرىڭدىكى تاش.

كەلتۈردىمۇ ياكى پۇشايمان،
ئايرىلغىنىم، سەندىن قەلەمقاش.
ئەندى ھەسرەت چەكمىگىن ئارتۇق،
قويالمايمەن بىر تەكمىگە باش.

چۈنكى، ئۆتتۇم ئۇزاق يىل بىللە،
سۆھبىتىڭگە بولۇپ سۆھبەتداش.
بىجا قىلدىم خىزمەتلىرىڭنى،
بولۇپ ساڭا يېقىن - يۆلەكداش.

ئەقىدەمدە تۇرۇپ ھەر قاچان،
ئىجادىمدىن كۆتۈرمىدىم باش.
كېچە - كۈندۈز يازدىم، ھارمىدىم،
سۇۋۇپ كەتتى چىنىلەردە ئاش...

1992-يىل 12- مارت

# ناخشاتپکستلمری

## ئانا

ئاپئاق چاچلىق جىنىم ئانا،
بەختىم سەن، قاناتىم سەن.
ئاق سۈت بېرىپ ئۆستۈرگەن،
پەخرىم سەن، ھاياتىم سەن.

سەن مېنى چوڭ قىلغۇچە،
چەكتىڭ كۆپ مۇشەققەتنى.
زارلىماي ئادا قىلدىڭ،
ئانىلىق مۇھەببەتنى.

ئەجرىڭ بىلەن يېتىلدىم،
مېھرىڭدىن كۈلۈپ - ياشناپ.
ئاقلايمەن ئۈمىدىڭنى،
غەلىبىگە قەدەم تاشلاپ.

جان ئانا قەدىردانىم،
سەن مېنىڭ ۋاپادارىم.

1975 - يىل يانۋار.

## كۈيلەيمەن باھارىمنى

كۈيلەيمەن بۈگۈن دوستلار باھارىمنى،
كۈلشەندە چېلىپ مەرغۇل ساتارىمنى.

قويندا تۈمەن بۇلبۇل ناۋا قىلغان،
قۇچىقى گۈلستانلىق دىيارىمنى.

نەۋ باھار ئېلىپ كەلدى يېڭى دەۋران،
بەردى ئۇ ئىشچانلارغا قۇۋۋەت ـ دەرمان.
زوقلاندى جىمى ئالەم بولۇپ مەپتۇن،
قازانغاچ كۆرەشلەردە زور شەرەپشان.

1976 - يىل فېۋرال.

## گۈزەل يۇرتۇم

نۇرلانماقتا تولۇنئايدەك ھۆسنى جامالىڭ،
تارالماقتا ھەر تەرەپكە شۆھرىتىڭ-شانىڭ.
ياشنىماقتا مىليونلىغان مەرد چېلىشچانىڭ،
ئۆرلە ئالغا بەخت تاپقان ئەي گۈزەل يۇرتۇم.

كانغا تولغان تاغلىرىڭ بار كۆككە تاقاشقان،
زاۋۇت ـ فابرىك قۇچىقىڭغا ئەجەب ياراشقان.
باغلىرىڭدا بۇلبۇللىرىڭ خۇشال سايراشقان.
قوينى جەننەت، مۇرغىزارلىق ئەي گۈزەل يۇرتۇم.

شاۋقۇن سېلىپ ئاقار سەندە تارىم دەرياسى،
ياڭرىماقتا سەندە خۇشال، ئەمگەك ناۋاسى.
ئىلھام بەردى غەزەلخانلىغا شادلىق ساداسى،
ياشنا مەڭگۈ گۈلىستانىم ئەي گۈزەل يۇرتۇم.

1976 - يىل مارت.

## ياشا، شانلىق ئارمىيەم

چەك-كۈرەشتە خەلقىمىنىڭ،
مەردانىسى ئارمىيەم.
بەختى كۈلگەن ئېلىمىنىڭ،
پەرۋانىسى ئارمىيەم.

مېھرىڭ باھار خەلقىمگە،
قەھرىڭ خەنجەر دۈشمەنگە.
قونالمايدۇ قۇزغۇنلار،
شۇڭا بىز نىڭ گۈلشەنگە.

سەن بولغاچقا خەلقىمىز،
شاد ياشايدۇ داۋامەت.
قول تۇتىشىپ سەن بىلەن،
يۈكسىلىمىز تا ئەبەت.

1976-يىل، ئاۋغۇست.

## گۈزەل چاغلار

باھار پەيزى گۈزەل چاغلار،
خۇشاللىقتا ئۆتەر كۈنلەر.
كۆككۈلنى مەھلىيا ئەيلەر،
ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈللەر.

چىمەنلەردە قۇرۇپ بەزمە،
ناۋا قىلدى غەزەلخانلار.
مۇقام ئېيتتى يېڭى ئۈسكەن،
ئاماننىسا، قىدىرخانلار.

باھار پەيزى گۈزەل چاغلار،
خۇشاللىقتا ئۆتەر كۈنلەر.
زامانىغا ياغدۇرۇپ ئالقىش،
جاراڭلايدۇ مۇقام - كۈيلەر.

1977 - يىل سېنتەبىر.

## ئانا دىيار

گۈزەل يۇرتۇم گۈلدىيار،
سۆيدۇم سېنى تائەبەت.
بولغاچ ساڭا ئەزەلدىن،
چىن قەلبىمدە مۇھەببەت.

قوينۇڭ سېنىڭ جەنەتتەك،
باغرىڭ چىمەن - لالىزار.
خەلقىم شۇڭا ياشايدۇ،
قۇچىقىڭدا بەختىيار.

ئانا يۇرتۇم گۈزەل دىيار،
خەلقىم سەندە شاد - بەختىيار.

× × ×

ئالتۇن كۈمۈشىنىڭ پۈتمەس كانىدۇر،
تەڭداشسىز كۆركەم ئېگىز تاغلىرىڭ.
نازۇ - نېمەتكە تولغان شۇ قەدەر،
كەڭ دالا، يايلاق - ئېتىز، باغلىرىڭ.

سانسىز كان، زاۋۇت - فابرىكلىرىڭدىن،
تارايدۇ ھەر كۈن غەلىبە - خۇش خەۋەر.
ئۆرگىلەي سەندىن ئەي ئانا يۇرتۇم،
يار بولسۇن ساڭا مەڭگۈ شان - زەپەر.

ئانا يۇرتۇم گۈزەل دىيار،
خەلقىم سەندە شاد - بەختىيار.

1988 - يىل يانۋار.

## ئېچىلدى قىپقىزىل گۈلدەك

ئېچىلدى قىپقىزىل گۈلدەك، بەخت - ئىقبالىمىز بىزنىڭ،
قۇياشتەك باقتى، نۇرلاندى، كۈلۈپ رۇخسارىمىز بىزنىڭ.

قىزىل تاڭ مەڭگۈلۈك بەرگەچ، ئازادلىق ھۆر سائادەتنى،
يۈرەكتىن ئۆرغىدى شادلىق، تۈگەپ دىل زارىمىز بىزنىڭ.

با ياشادلىق ھۇزور بەردى، بەخت جامىدا مەي ئىچتۇق،
قېنىپ ۋەسلىگە يەتكەچكە ئۇمىد ئارمانىمىز بىزنىڭ.

كېلەچەك غايىنى كۆزلەپ، يېڭىپ توسقۇن داۋان ئاشتۇق،
جاراڭلايدۇ شۇڭا مەغرۇر، زەپەر كۈي، سازىمىز بىزنىڭ.

1982 - يىل فېۋرال.

## تراكتورچى تۇرسۇنئاي

(راۋاپ بىلەن ئورۇنلانغان قوشاق)

زەپ چىرايلىق بۇ كېچە،
سۈتتەك يورۇق ھەممە جاي.
ئۈزەر ئىدى ئاسماندا،
ئونبەش كۈنلۈك تولۇنئاي.

ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن،
بىپايان كەڭ دالا ساي.
قۇچىقىدا تراكتور،
گۈركىرەيتتى توختىماي.

رولنى تۇتقان مەردانە،
تراكتورچى تۇرسۇنئاي.
يەر ھەيدەيتتى زوق بىلەن،
كىرپىك قاقماي كۆز يۇمماي.

شوخ شاماللار تارايتتى،
ئۇنىڭ سۇمبۇل چېچىنى.

ئۆتكۈزەتتى ئىش بىلەن،
تالاي ئاخشام كېچىنى.

ئاي پاتقۇچە بۈگۈنمۇ،
چۆل قوينىدىن ئاچتى يەر.
ئاشۇ مۇنبەت دالىغا،
ئالتۇن قۇياش چاچتى زەر.

ئىشتا قەيسەر ئوت يۈرەك،
تراكتورچى تۇرسۇنئاي.
مېھنىتىڭدىن ئەجرىڭدىن،
ئاچتى چۆللەر گۈلچىراي.

تراكتورچى تۇرسۇنئاي،
يەر ھەيدىگەن توختىماي.

1982-يىل سېنتەبىر

## ئۇزاتقاندا

سېغىنمايدۇ قايسى دىل
ئۆز ئامرىقى، يارىنى.
نازۇك ۋىسال تۇيغۇسى،
چەكسە يۈرەك تارىنى.

ئۇزاتقاندا دېگەنتىڭ:
«بولۇپ كەلگىن زىيالى،

چىچەكلەتسۇن ۋەتەنىنى،
ئىلىم - پەننىڭ باھارى».

شۇ سۆزۈڭدىن ئىلھامىم،
قازدىم بىلىم كانىنى.
ئۈمىدىڭنى ئاقلايمەن،
قۇچۇپ غەلىبە شانىنى.

1983- يىل فېۋرال.

## سىنالايسەن شۇ چاغدا

تۇرلۇك - تۈمەن قىسمەتلەر،
چۈشەر سىنىڭ بېشىڭغا.
بەخت - ئامەت كەلگەندە،
كېلە ھەركىم قېشىڭغا.

بىر ئۈلپىتىڭ يۈز بولۇپ،
كەتمەس ھەرگىز يېنىڭدىن.
يارۇ - جانان ئەركىلەپ،
كۆز ئۈزمەيدۇ سىنىڭدىن.

يوقاتقاندا پۇل - مېلىڭ،
ئەمەلىڭنى، بارىڭنى.
سىنالايسەن شۇ چاغدا،
چىن دوستۇڭنى - يارىڭنى.

كۈن چۈشكەندە بېشىمغا،
ئىنسان ئەمەس، قاچىمنى.
ۋاپادار دوست، يار ساڭا،
شۇ چاغ قويۇن ئاچىمنى.

1983- يىل مارت.

## تۇردى ئاخۇن ئاكىمنى ئەسلەيمىز

### 1

سەنئەتكار خەلقىمىز ئەسىرلەر بويى،
ياڭرىتىپ كەلمەكتە ناخشا ـ كۈي، قوشاق.
بېيىتتى مۇقاملار خەزىنىسىنى،
يېقىملىق «مۇشەۋۋەك»، «چەبىيات»، «ئۇشاق».

ئامانىسا، قىدىرخان رەتلىگەن مۇقام،
تارىلىپ كەلمەكتە زاماندىن ـ زامان.
تۇردىكام بىزگىچە يەتكۈزۈپ ئۇنى،
ئەۋلادلار قولىغا تاپشۇردى ئامان.

مۇقاملار پېشىۋاسى تۇردى ئاكىمىز،
تۆھپىسى چولپاندەك پارلايدۇ ھامان.
تۇردىكام ئۆتسىمۇ ئالەمدىن بىراق،
بىز بىلەن مۇقامدەك ياشايدۇ ھامان.

## 2

تۇغۇلدۇڭسەن بۇ دۇنياغا، بىساتسىز - مۈلۈكسىز ئۆيدە،
ئېتىڭنى «تۇردى» دەپ قويدى ئوقۇپ «ئۆزھال» «ناۋا»
كۈيدە..

ئېغىزلاندۇردى ئاغزىڭنى قوشاقلاردىن سېلىپ لوقما،
خۇمارى بوپ مۇقاملارنىڭ، يېتىلدىڭسەن ئۆسۈپ كۈندە.

ئاتاڭدىن قالغىنى بىردىن تەۋەررۈك ئول ساتار بولدى،
ناۋا قىلدىڭ ساتارىڭنى چېلىپ شاممۇ - سەھەر، تۈندە.

## 3

ئۆگەندىڭسەن مۇقام - مەشرەپ، چۆكۈپ ئەلنىڭ ئاراسىغا،
«سېرىلما» «نۇسخە» «سەنەقەس» نى سۈرۈپ كۆزۈڭ
قاراسىغا.

دەپمەن - دۇنيا بىلەن ئالتۇن سېنىڭ ئۆمرۈڭگە يات بولدى،
بەخش ئەتكەچ ھايات تىگىنى، مۇقامنىڭ شوخ جۇلاسىغا.

مۇقام بولدى ساڭا لەيلى، ئۇنىڭ ئىشقىدا مەجنۇندەك،
ئۆزۈڭنى تاشلىدىڭ «چارىگاھ» بىلەن «سىگاھ» ساماسىغا.

كۈنۈڭ ئۆتتى ئېغىر دەردتە، مۇقامچىن بارچىنى يەڭدىڭ،
ۋاپاسىز كاج پەلەكنىڭ سەن چىداپ جەۋرى-جاپاسىغا.

4

جۇلالاپ تاڭ نۇرى ئەلدە چېچەكلەتكەچ باھارىڭنى،
خۇشال كۈيلەرگە سايراتتىڭ چېلىپ ئامراق ساتارىڭنى.

ئۇلۇغ تۆھپەڭ شۇ بولدىكى: ھاياتىڭدا يىغىپ-توپلاپ،
ۋەتەنگە ئەيلىدىڭ تەقدىم، بۇ ئون ئىككى مۇقامىڭنى.

شۇڭا ئەۋلادلىرىڭ مەڭگۈ ساتارىڭغا بولۇپ ۋارىس،
ئېلىپ يادىغا ئەسلەيدۇ ئېزىز نامىڭنى - شانىڭنى.

1983- يىل ئاپرېل.

## بولدۇم بەخت رەناسى

تاڭدا چىقسام ئېتىزغا،
چولپان كۈلۈپ قارايدۇ.
باھارنىڭ شوخ شامىلى،
چاچلىرىمنى تارايدۇ.

زوق بېغىشلاپ قەلبىمگە،
كاككۇك ئۇرغۇپ سايرايدۇ.
ئىش قوينىدا ئېتىزدا،
كۆڭلۈم خۇشال يايرايدۇ.

ئالتۇن دالا ئېتىزلىك،
ئاشىقى، شەيداسىمەن.
ئەجرىم بىلەن بەختىنىڭ،
بولدۇم گۈل رەناسىمەن.

1983 يىل ئاپرېل.

## قالۇر ياخشى دېگەن نامىڭ

ئۆمۈر كۆرمەس كىشى مىڭ يىل،
ئۆچەر بىر كۈن ھايات شامى.
لېكىن قالغاي كىشى ئىنسانىيلىك،
يامان ـ ياخشى دېگەن نامى.

شۇڭا سەن ياشىساڭ قانچە،
ئەدەب ـ ئەخلاقىنى يار قىلغىن.
يامانلىق ئورنىغا مەڭگۈ،
ۋاپادارلىقنى جار قىلغىن.

ئۆزۈڭدىن چوڭغا ھۆرمەت قىل،
ئىززەتلەپ كىچىكلەرنى.
تىكەنلەر ئورنىغا ئۇندۇر،
ئىز ئىگىدىن گۈل ـ چېچەكلەرنى.

گۈزەل خىسلەت بىلەن دائىم،
ياشاپ ئۆت ئەھلى ئىنسانىدەك.

قالۇر ياخشى دېگەن نامىڭ،
شۇ چاغدا باغۇ ـ بوستاندەك.

1983- يىل ئاپرېل.

## ئۆتەرمەن سەن بىلەن بىللە...

ئوخشاتسام قىزىل گۈلنى،
گۈزەل ياشلىق باھارىڭغا.
قانمايمەن قاراپ ھەر دەم،
تولۇنئايدەك جامالىڭغا.

ئوت سالدى يۈرىكىمگە،
خۇمارلىق كۆزلىرىڭ ئويناپ.
ئىشقىڭدا بىدار بولدۇم،
كېچە ـ كۈندۈز سېنى ئويلاپ.

ماڭا ياتتۇر ۋاپاسىزلىق،
كېتەلمەيمەن سېنى تاشلاپ.
ئۆتەرمەن بىر ئۆمۈر بىللە،
سېنىڭ بىلەن كۈلۈپ ياشاپ.

1983 يىل ماي.

## ئايدىڭ كېچە

زەپ چىرايلىق ئايدىڭ كېچە ـ سۈتتەك كېچە،
ئاي ئويناپدۇ بۇلۇتلارغا كىرىپ ـ مۆكۈپ.

كۆز چاقنىتىپ كۆكتە يۇلتۇز جىمىرلايدۇ،
كىرپىكىدىن كۈمۈشرەڭلىك نۇرلار تۆكۈپ.

ئۆستەڭ بويى - باغلار ئارا بەختى كۈلگەن،
قىز - يىگىتلەر ناخشا ئېيتار تاڭ ئاتقۇچە.
ئۇچراشتۇرار ئاشىقىنى - مەشۇقىغا،
زەپ كۆڭۈللۈك گۈزەل، يارقىن، ئايدىڭ كېچە.

1983-يىل مارت.

## ئۇلۇغ پارتىيەم

ئۇلۇغ يولباشچى پارتىيەم ئېلىپ كەلدىڭ باھار بىزگە،
ئېچىلدى گۈل بىلەن رەيھان چېچىپ خۇش بوي ئىپار بىزگە.

تۈمەن يوقسۇلنى قۇتۇلدۇردۇڭ زىمىستاندىن-جاھالەتتىن،
بەخت دىلدارى مەي تۇتتى بولۇپ چىن مەڭگۈ يار بىزگە.

زەپەر بويلاپ يۈرۈپ ئالغا، گۈزەل مەنزىلگە ئات سالدۇق،
كۆرەشكە باشلىدىڭ ھەردەم بېرىپ ئىلھام، مادار بىزگە.

ئېغىشماستىن سىزىپ بەرگەن يولۇڭدا مەڭگۈ چامدايمىز،
ساڭا چىن ئەگىشىپ ماڭماق شەرەپلىك ئىپتىخار بىزگە.

1983-يىل، ماي.

## گۈل يېزام قوينۇڭدىمەن

گۈل يېزام كۆرمەككە ھۆسنۈڭ كەلدى زەپسائەت ماڭا،
نۇرلىنىپ دىلبەر يۈزىدەك يۈزلىنىپ ئامەت ماڭا.

زوقلىنىپ قوينۇڭدا دائىم ئىشلىسەم يارىم بىلەن،
شۇ گۈزەل باغرىڭ ئەمەسمۇ بىر ئۆمۈر راھەت ماڭا.

كەلسە ئالدىمغا مۇشەققەت بىر يولى يەڭسەم ئۇنى،
كەلمىگەيمۇ شۇندا تاغدەك كۈچ - قۇۋۋەت قامەت ماڭا.

سىرداشىم زۇمرەت ئېتىزلار ئاچ قويۇن كەلدىم بۈگۈن،
ئال مېنى قوينۇڭغا ئەمدى يەتتى كۆپ تاقەت ماڭا.

1983- يىل ماي.

## قىزىل تاغدىن

پۈركەندى ۋەتەن قوينى،
گۈللەرگە چېچەكلەرگە.
سىغمايدۇ خۇشال كۈيلەر،
يالقۇنلۇق يۈرەكلەرگە.
يايرىدى كۆكلۈل ياشناپ،
يېتىپ ئارزۇ - تىلەكلەرگە.

ناخشىمىز شۇڭا مەغرۇر،
ياڭرايدۇ گۈلىستاندىن.
جاراڭلايدۇ زەپەر سازى،
زاۋۇتتىن، ئېتىز، كاندىن.
كەلگەچكە بەخت - ئامەت،
قۇياشلىق ھۆر قىزىل تاڭدىن.

1983 - يىل ئۆكتەبىر.

## تارىم قىزى*

تارىم بويى زەپ جىرايلىق، ئالتۇن دالا - تۈز،
ئۇنىڭ زۇمرەت قۇچاقىدا ئۆستۈڭ قارا كۆز،
كۆكتە ئۈزگەن تولۇنئايدەك ھۆسنىڭگە باقسام،
دولقۇنلايدۇ يۈرىكىمدە ساڭا تالاي سۆز.

قىلسام بايان قەلبىمدىكى سۆيگۈ - ئىشقىمنى:
بېغىشلىدىم يارىم ساڭا ئوتلۇق مېھرىمنى.
ئەجرىڭ بىلەن پۈركىگەچكە تارىمنى گۈلگە،
باغلىدىم مەن ساڭا چىندىن يۈرەك رىشتىمنى.

دۇلدۇلى سەن، تارىم قىزى ئۈزۈن سەپەرنىڭ،
بۇلبۇلى سەن، كۈيچىسى سەن شانلىق زەپەرنىڭ.

---

* بۇ ناخشا 1983 - يىلى مەملىكەتلىك «ئۇلانمۇچىر» چە سەنئەت تۆمەكلىرىنىڭ سەنئەت كۆرىكىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئېتىزلاردا جاراڭلايدۇ يېقىملىق ناخشاڭ،
ئاشىقى سەن، ئىش قوينىدا تاڭنىڭ – سەھەرنىڭ.

تارىم قىزى، كۆيدۈم ساڭا پەرۋانە بولۇپ،
جەڭگە چۈشتۈم پەرھاد كەبى مەردانە بولۇپ.
چىن مۇھەببەت سۆيگۈمىزنىڭ تەپتىدىن بۈگۈن.
تارىم بويى بولسۇن گۈلزار – گۈللەرگە تولۇپ.

1983 - يىل نويابىر.

## سەن چىرايلىق، سەن ئوماق

قاشلىرىڭ بەرگى قىياق،
كۆزلىرىڭ ئويناق بۇلاق.
سەن ئۈچۈن يالقۇنلىدى
قەلبىمدە ئۆچمەس ئىشتىياق.
ئاقكۆڭۈل دېھقان قىزى،
سەن چىرايلىق، سەن ئوماق.

غۇنچىدەك ھۆسنۈڭ گۈزەل،
ئىشقىڭدا مەن ئېيتتىم غەزەل.
ئەجرىڭ بىلەن بەختىڭ گۈلى
ئاچتى چېچەك، چاچتى پۇراق.
كۆيگۈنۈم دېھقان قىزى،
سەن چىرايلىق، سەن ئوماق.

باقسام جامالىڭ ئاي بۈگۈن،
بوپسەن ئاجايىپ باي بۈگۈن.
تەر تۆكۈپ ئىشلەيلى كەل،
ياشىنىپ، ناخشا - قوشاق.
سۆيگۈنۈم دېهقان قىزى،
سەن چىرايلىق، سەن ئوماق.

1985 - يىل، ئىيۇن.

## بېغىمىزنىڭ سوۋغىسى

گۈلچىمەن - ئەتراپ چىمەن،
باغىم چىمەنزار - لالىزار.
باغلىرىم ئالما پۇرايدۇ،
چۈنكى باغىم ئالمىزار.

باغدا توي، ئۆلكەمدە توي،
قىزىدى توي نەغمىسى.
توي ئۈچۈن ئەنجۈر، ئۈزۈم،
بولسۇن بېغىمىزنىڭ سوۋغىسى.

1985 - يىل ئاۋغۇست.

## ئىشلىگىن، چىۋەر يارىم

سەھەر پەيزى گۈلشەندە،
تاڭدا چولپان كۆلگەندە.

كۆردۈم سېنى نەگاردىم،
ئىش قويىنىغا چۆمگەندە.

پېشانەڭدىن تەر تۆكۈپ،
يەرگە ئالتۇن - زەر تۆكۈپ؛
ئىشلەپسەن جاسارەتتە،
ھوسۇلنى دىلغا پۈكۈپ.

ئەمگەككە بېرىپ ئىشقىڭ،
باغلاپ چىن ئاڭارىشتىڭ.
ئەجرىڭدىن، ھالاۋەتتىن،
پارلاپتۇ گۈزەل چېھرىڭ.

ئىشلىگىن چەۋەر يارىم،
شۇندا باغ بولار تارىم.
خەلقىمىز كۆلۈپ باقسا،
ئارمىنىڭ كۆلەر يارىم.

1986 - يىل مارت

سېغىنىدۇردۇڭ

ياراپ مەردلىك - يىگىتلىككە،
كېتىپ قالدىڭ نېغىتلىككە.
ئۆتۈپ ئاي، كۈن، سانا قىسمىز تۈنە
مېنى مۇندا سېغىنىدۇردۇڭ.

ماكان ئەيلەپ قاقاس ساينى،
ئېلىپ يەردىن نېفىت ـ ماينى.
خۇشال ئىشلەپ بولۇپ پەرھاد،
مېنى مۇندا سېغىندۇردۇڭ.

ئەقىدەگدە تۇرۇپ مەھكەم،
بولۇپ كەلدىڭ ماڭا ھەمدەم.
ۋۇجۇدۇمدا يېنىپ ئىشقىڭ،
مېنى يارىم سېغىندۇردۇڭ.

1986 ـ يىل.

## قەدىردان دادا

ئۆيىمىزنىڭ غەمگۇزارى،
قەدىردان دادا.
كۆزىمىزنىڭ نۇر چىراغى،
مېھرىبان دادا.

پەرزەنت ئۈچۈن ئۆمۈر بويى،
چېكىپ مۇشەققەت.
كەتتى ياشلىق باھارىڭىز،
بىز ئۈچۈن پەقەت.

قەدىردان دادا،
مېھرىبان دادا.

كېچە ـ كۈندۈز چىداپ كۈلپەت ـ
جەۋرى ـ جاپاغا.
چوڭ قىلدىڭىز بۇگۈن بىزنى،
قېتىپ قاتارغا.

ئەل ئالدىدا بۇرچىڭىزنى،
قىلدىڭىز ئادا.
بىزمۇ چوقۇم ئەجرىڭىزنى،
ئاقلايمىز دادا.

مېھرىبان دادا،
قەدىردان دادا.

1989- يىل ماي.

## ئاخشام

يۈرەكنىڭ تارىنى لەرزان،
چېكىپ ياڭرايدۇ شاد ئاخشام.
بېرىپ ئەل قەلبىگە لەززەت،
جاراڭلايدۇ سەھەر ـ ئاخشام.

ئاخشام ئەۋجى قايناتسا،
ئېتىزدا ئىشنى بەس ـ بەستە.
بۇلاقنىڭ بويىدا جانان،
تۇتار يارىغا گۈلدەستە.

بولۇپ ناخشام گويا بەركەت،
چېچىلسا كانىغا، خامانىغا.
ۋۇجۇدۇمغا تولۇپ شادلىق،
يېتەرمەن ئارزۇ-ئارمانىغا.

1989- يىل ئىيۇن

## سەھرا قىزى

تاڭ سەھەر كۆردۈم سېنى،
ئىش قويىنىدا سەھرا قىزى.
كۆزلىرىڭ چولپان كەبى،
ھۆسنۈڭ گويا ئاينىڭ ئۆزى.
ئوت بولۇپ ئىشقىم ساڭا،
كۆيدۈم كېچە يۇ-كۈندۈزى.

تەر تۆكۈپ ئەجرىڭ بىلەن،
چۆللەرنى بوستان ئەيلىدىڭ.
ياڭرىتىپ ناخشاڭنى شاد،
بەختىڭنى جەۋلان ئەيلىدىڭ.
باي بولۇپ، ياشناپ بۈگۈن،
نامىڭنى داستان ئەيلىدىڭ.

مەن سېنى سۆيدۈم شۇڭا،
ئىشتا چېۋەر سەھرا قىزى.

سەن ئۈچۈن پەرھاد بولاي،
بولغىن شىرىننىڭ سەن ئۆزى.
گۈل قىسايلى تويىمىزدا،
بىر بولۇپ يۇرتنىڭ كۆزى.

1989- يىل ئاۋغۇست

## كېلىمەن

كېتەر بولدۇم يېنىڭدىن،
خۇش قال مېنىڭ ئومىقىم.
قانداق چىداي مەن ساڭا،
كۆزى ئاھۇ بۇلىقىم.

بۇ جاھاندا يوق ئەسلا،
سەندىن ئۆزگە كۈزىلىم.
بېغىشلانغان سەن ئۈچۈن،
سۆيگۈ - ۋاپا غەزىلىم.

كەتتى دېمە، كېلىمەن،
ئوقۇپ، كىيىپ ئاق خالات.
شۇ چاغ كۈلۈپ ياراىمىز،
قېقىپ ئەركىن، شوخ قانات.
قايتارما: خۇش قال مېنىڭ ئومىقىم،
كۆزى ئاھۇ بۇلىقىم.

1989 - يىل سېنتەبىر

## تاتلىق

كۆلۈپ ئالدىمغا كەلگەنىدىڭ،
چىرايىڭنى ئېچىپ كۈندەك.
ساڭا كۆيدۈم دېگەن چاغدا،
قىزارغانىدىڭ قىزىلگۈلدەك.

چېكىلگەن چىلىڭ ئۈزۈلمەسكە،
شۇ چاغ دىل رىشتىمىز بىزنىڭ،
ئۆتۈپ يىللار يېنىپ كەلدى،
يۈرەكتە ئىشقىمىز بىزنىڭ.

بۆلۈنمەي ئۆينى گۈللەتتۇق،
جاپالىق ئەجرىمىز - بىرلە.
قېتىلدى سەپكە پەرزەنتلەر،
ساداقەت مېھرىمىز بىرلە.

ئاقاردى قاپ - قارا چاچلار،
بېرىپ بىزگە ھۇزۇر - شادلىق.
ھاياتتا چىن ۋاپا - سۆيگۈ،
ئەكەن شۇنچە شېرىن - تاتلىق.

1989 - يىل.

## يار ئىشقى

قاچان كۆردۈم سېنى دىلبەر،
شۇئان سالدىڭ يۈرەككە چوغ.
كۆڭلۈمنى قىلىپ خەستە،
نېچۈن ماڭا قارايسەن سوغ.

ئىشەنمەيسەن ئەقىدەمگە،
يېنىڭدا تۇرمىغاچ دائىم.
ئۆزۈم چۆلدە ـ نېفىتلىكتە،
بىلسەندە كۆڭۈل رايىم.

سېنىڭ ئىشقىڭدا ئى جانان.
يېنىپ چوغدەك كۆيۈپ ئۆتسەم.
بولۇرمۇ ئارمىنىم ھاسىل،
سېنى مەڭگۈ سۆيۈپ ئۆتسەم.

1991-يىل ماي.

(شېئىرلار)

ئاپتورى: ئۆمەر سايىت (جەۋلانى)

مەسئۇل مۇھەررىرى: توختى ئابىخان

مەسئۇل كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092×787 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 2.5

1995-يىل 6-ئاي 1-نەشرى

1995-يىل 9-ئاي 1-بېسىلىشى

---

تىرازى: 1—3070

ISBN7—5373—0497—1/I·122

باھاسى: 1.50 يۈەن

بۇ شېئىرلار توپلىمىدا گۈزەل ئارزۇ، پاك مۇھەببەت ئىپادىلەنگەن.

本诗集主要反映人们美好的愿望和纯真的爱情。

# 心声似火焰

（诗集）

作者：吾买尔·萨义提
责任编辑：托合提·阿布汗
责任校对：阿依夏木·阿布都吾力

---

喀什维吾尔文出版社出版
新疆新华书店发行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米　1/32开本　2.5印张
1995年6月第1版　　1995年9月第1次印刷
印数：1—3070

---

ISBN7—5373—0497—1/I·122（民文）

定价：1.50元

# تۈزىتىش

| بەت | قۇر | | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| | يۇقىرىدىن | تۆۋەندىن | | |
| 4 | | 9 | ئېتىمىز لىقتا | ئېتىمىز لىققا |
| 10 | 2 | | چىققاننىم | چىققانتىم |
| 57 | | 6 | پاھارنىڭ | باھارنىڭ |

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت خالىق

ISBN7—5373—0497—1/I·122（民文）

باھاسى: 1.50 يۈەن